# ئىسلامى پىترەت(تۇغما تەبىئەت) بەش تۈرلۈكتۇر: خەتنە قىلدۇرۇش، ئەزالارنى تازىلاش (سۈننەت قىلىش)، بۇرۇتنى قىسقارتىش، تىرناقنى ئېلىش ۋە قولتۇقنىڭ تۈكىنى يۇلۇش

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: ئىسلامى پىترەت(تۇغما تەبىئەت) بەش تۈرلۈكتۇر: خەتنە قىلدۇرۇش، ئەزالارنى تازىلاش (سۈننەت قىلىش)، بۇرۇتنى قىسقارتىش، تىرناقنى ئېلىش ۋە قولتۇقنىڭ تۈكىنى يۇلۇش.«
[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننەتلىرى ۋە ئىسلامدىن بولغان بەش تۈرلۈك ئىشنى بايان قىلىپ بەردى: ئۇنىڭ بىرىنچىسى: خەتنە قىلدۇرۇش، ئۇ ئوغۇل بالىنىڭ ئەۋرىتىدىن بوغمىقىنىڭ ئۈستىدىكى ئارتۇق تېرىنى كېسىۋېتىشتىن ئىبارەت، ئاياللىنىڭ ئەۋرىتىدىن بولسا جىنسى ئالاقە قىلىدىغان ئورۇنىنىڭ ئۈستىدىكى تېرىنىڭ ئۇچىدىن كېسىۋېتىشتىن ئىبارەتتۇر. ئىككىنچىسى: سۈننەت قىلىش بولسا ئەۋرەتنىڭ ئەتراپىدىكى تۈكلەرنى تازىلاش. ئۈچىنچىسى: بۇرۇتنى قىسقارتىش، ئەر كىشى ئۈستۈن كالپۇكىنىڭ ئۈستىگە ئۈنگەن تۈكلەرنى ئۈستۈن كالپۇكى كۆرۈنگىدەك ھالەتتە قىسقارتىش. تۆتىنچىسى: تىرناقلىرىنى كېسىش. بەشىنچىسى: قولتۇقنىڭ تۈكىنى يۇلۇش.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3144

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee